# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈچىنچى، يۇقۇم تەسىرىنى يېڭىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى ئالدىن تەشكىللەپ ۋە ئىشلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېزدىن تەرتىپلىك ئىش ئورنىغا قايتىشىغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى تەشكىللەپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىش، ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ ئىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئېھتىياجلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقى خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئاساسىي ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات نوپۇسنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، ۋۇۋسىكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دىققەتنى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشى ۋە نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان ئون ناھىيە ۋە 559 نامرات كەنتكە قارىتا ۋۇۋسىكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون ناھىيەگىچە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ۋىلايەت، ناھىيە كەنتكىچە ھەيدەكچىلىك قىلىش، كادىرلار ئائىلىگىچە ھۆددە ئېلىپ، قېيىنغا تېگىش قىلىپ «ھەيدەكچىلىك قىلىپ»، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ قىلىپ»، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قېيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ۋەزىپىلەرنى تاماملاپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قېيىنچىلىقنى يېڭىشى كېرەك.

بەشىنچى، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش كېرەك. «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، ئومۇميۈزلۈك يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى تېزلىتىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشتىن قېلىشى، ئوقۇشتىن چېكىنىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلارنى يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئالتىنچى، مەسىلىنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، سۈپەتنى، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»ى، 2019 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە «قىشلىق ھۇجۇم» قاتارلىقلاردا قايتما ئىنكاس قىلىنغان ۋە بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، مەسىلە ئېنىقلانمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشمىگۈچە قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىر مەسىلىنى ئاخىرغىچە تۇتۇشقا، جايىدا تۈزىتىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچى، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش كېرەك. خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى ئالدىن يولغا قويۇش؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ياردەم بېرىش - يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ مۇقىم تېپىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە بىرتۇتاش پىلانلاپ كىرگۈزۈپ، ئۇزۇن - قىسقىنى بىرلەشتۈرۈش، ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك.

سەككىزىنچى، چېكىندۈرۈش ئۆلچىمىنى چىڭىتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆلچىمى ۋە تەرتىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، نامراتلىق ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىغان ناھىيە ۋە چېكىنىپ چىققان كەنتلەرنى تولۇق قاپلاش، چۈشۈپ قالماسلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تولۇق، توغرا بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، سان - سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەتئىي توسۇپ، تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

توققۇزىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ناھىيە - شەھەرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، بېسىمنى دەرىجىمۇدەرىجە يەتكۈزۈش كېرەك. مەبلەغ جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىرلارنى تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىستىلنى ھەققىي ياخشىلاش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەققىي يېنىكلىتىپ، تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«باش شۇجىنىڭ سۆزى مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى، ھازىر ماڭا ئوخشاش نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ياشلار بارغانسېرى كۆپەيدى.» بۇ يىل 34 ياشقا كىرگەن ئالىم ئاتاۋۇللا بۇلتۇر خوتۇنى بىلەن بىللە، يۇرتى يەكەن ناھىيەسىنىڭ بەشكەنت بازىرى قىزىلبايراق مەھەللىسىدىن سانجى شەھىرىنىڭ مىنچاڭ سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ شياۋچۇ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. «ھازىر مەن بۇ شەھەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم، سانجى شەھىرىدىن ئۆي سېتىۋېلىپ، بالامنى بۇ يەردە ئوقۇتۇشنى ئويلاۋاتىمەن».

بۈگۈنكى كۈندە، قەشقەر، خوتەن ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن كەلگەن 3547 نامرات ئەمگەك كۈچى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، باغچە رايونلىرىدىكى 300دىن ئارتۇق كارخانىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، پۈتۈن ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

### سىجىل كۈچ سەرپ قىلىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش

«بىز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قەدىمىمىزگە توسالغۇ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز.» چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ پېيجاۋ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكىۋەتمەسلىك، سېلىنما سالمىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، كادىرلارنىڭ زېھنى چېچىلىپ كەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. نامرات ئائىلىلەرگە نۇقتىلىق ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ياردەم بېرىش - يۆلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەندىن تۆۋەن نامرات ئەمەس ئائىلىلەرنى نۇقتىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش ئوبيېكتى قىلىپ، 2020 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ماس قەدەمدە كىرىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پىلال يېزىسى پىلال كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جوۋ فېڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر كەنتتىكى ھەرقايسى تارماق كۈچلەر ئېتىز بېشىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قانداق مەسىلە گەۋدىلىك بولسا، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، كىمنىڭ ئۆيدە قىيىنچىلىق بولسا، شۇنىڭغا ئالدى بىلەن ياردەم بېرىپ ۋە ئۇنى يۆلەپ، بىرمۇ ئائىلىنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ يەرنىمۇ ئاق تاشلاپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى».

### ئىشەنچنى چىڭىتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن لېي مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىزنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى. بىز دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋۇۋسىكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»گە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرىمىز، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇپ، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ، مائارىپ، داۋالاش جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېز تولۇقلاپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، بۇ يىل ئون نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان 165 مىڭ 800 نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

«ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى بولغان خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئەنۋەر تۇرسۇننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى سىجىل، چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى سىجىل ئۇرغۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملايمىز.

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپېي، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، يۈەن لېي، جاۋ جيېيۈن، ۋاڭ شىگۈي، پەرىزات ئابدۇل، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ يوڭ، ئىختىيارى مۇخبىرىمىز چېن جېڭ)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يەتتە فوتوۋولت مەمۇرىي كەنت ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرى 1535 ئائىلىدىكى 5800 كىشىنىڭ توك ئىشلىتىشىنى ياخشىلاپ، چېگرا رايوندىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئۇمشا كەنتىنىڭ ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى دەل چېگرا بويىدىكى كەنت، مەھەللىلەرنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇمشا كەنتى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 172 كىلومېتىر، قاتنىشى قولايسىز، ئاساسلىقى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

تۇرسۇنتوختى قۇربان كەنتتىكى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى، ئۇ ئىزچىل كەسپىنى كېڭەيتىپ ئاز - تولا ئىش قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن كەنتتىكى ئېلېكتر تورىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئىزچىل ئىشقا ئاشۇرالمىغانىدى. بۇ يىل كەنت ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشتىن ئۇ تەرەققىيات ئۈمىدىنى كۆردى. «ئىلگىرىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئەسلىھەلىرى كەنتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى، بۇ قېتىم ئېلېكتر تورى ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، مەن قوشخانا قۇرماقچى، يەنە كىچىك تىپتىكى سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى قۇرۇپ، بېقىش، سويۇش، سېتىش كەسپىي زەنجىرىنى شەكىللەندۈرمەكچى، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى بىللە كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيمەن» دېدى تۇرسۇنتوختى.

«بۇ يىل، خوتەن ۋىلايىتى ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 642 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خوتەن ئېلېكتر تورىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى، توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى ۋە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان ئوتتۇرىچە توك سىغىمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى خوتەن توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى تۈر باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ دېۋېي.

بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ غول ئېلېكتر تورىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ كۈچەيتىپ، بۇ يىل ئىچىدە 750 كىلوۋولتلۇق كۇچا - ئاقسۇ - مارالبېشى ئىككىنچى قېتىم تولۇقلاپ كۈچەيتىش ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى، 750 كىلوۋولتلۇق يەكەن - خوتەن ئىككىنچى قېتىم تولۇقلاپ كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە قەشقەر، خوتەن ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ پۈتكۈزىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشلار پۈتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ غول ئېلېكتر تورىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 800 مىڭ كىلوۋاتتىن 1 مىليون 500 مىڭ كىلوۋاتقا، خوتەن ۋىلايىتىگە توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 580 مىڭ كىلوۋاتتىن 1 مىليون 100 مىڭ كىلوۋاتقا ئاشۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچلۈك تىرەك بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بېسىپ كەتكەن چوڭ سۇلياۋ تۇڭنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۆيدە تۇرۇبا سۈيى بار، ھەر ۋاقىت تاماق ئېتەلەيدىغان، كىر يۇيالايدىغان، تازىلىق قىلالايدىغان بولدۇق، ئەمدى ھەرگىزمۇ پاكىز سۇدىن غەم قىلمايمىز».

بۈگۈنكى كۈندە جۈمەكتىن ئاچسىلا سۈپسۈزۈك سۇنىڭ شىرىلداپ چۈشۈشى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مەنزىرىگە ئايلاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، سۇ مەمۇرىيىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ساھەنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ يۈرۈشتۈرۈش باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىدى.

2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىغا 3 مىليارد 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاپ، يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدىن 116 تۈرنى قۇرۇپ، 346 مىڭ 200 نامرات نوپۇسنىڭ بىخەتەر سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 132%نى ئورۇندىدى.

پاكىز سۇ ئىچىش پەقەت بىرىنچى قەدەم، جاڭ يۈن مۇنداق دېدى: بۇ يىل يەنە 22 نامرات ناھىيەنىڭ ئىچىدىغان سۇ سۈپىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ نۇقتىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ، ئۆستۈرۈلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئازراقلا ياخشىلىنىش بولسا، مەن خۇشاللىق ھېس قىلىمەن.» 2015 - يىلدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدا يەتتە قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ھەر قېتىم بىر ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى مەركەزلىك تەتقىق قىلىپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى قىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت بار ئامىللار بىلەن پۇقرالارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىرىنىمۇ كەم قالدۇرماسلىق، بىرمۇ كىشىنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەر تاماملىنىشقا ئاز قالدى، نامرات نوپۇس 2012 - يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى 98 مىليون 990 مىڭ كىشىدىن 2019 - يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى 5 مىليون 510 مىڭ كىشىگە ئازايدى، نامراتلىقنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى 10.2%تىن 0.6%كە چۈشتى، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، نامرات ئاممىنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق»نىڭ سۈپىتى، سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش، توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، ئالاقىلىشىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق ئۇزاق مەزگىل ھەل قىلىنمىغان كونا، چوڭ، قىيىن مەسىلىلەرى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىنىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىدىكى نامراتلارنى ئازايتىش نىشانىنى مۇددەتتىن ئون يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرىدۇ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر دۆلەت بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچە كۆپ كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلىگەن ئەمەس، بۇ، جۇڭگو ۋە دۇنياغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە قان - تەرى مۇجەسسەملەنگەن، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ پۇختا ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىقارغان بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاخىرقى يىلى، تاماملىنىدىغان يىلدا يەنە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرى تېخىمۇ ئېغىر، تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى بىر مەيدان قاتتىق جەڭ، ھەرگىزمۇ ئاسانلا بىر ھۇجۇم بىلەنلا يەڭگىلى بولمايدۇ، قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرى مۈشكۈل، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە قىيىنچىلىق ناھايىتى زور، قىسمەن نامرات ئاممىنىڭ تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرلىك ئەمەس، بولۇپمۇ يەنە خىزمەتتە بوشىشىپ كېتىش، بوشاڭلىق قىلىش، زېھنىنى باشقا ياققا بۇراشتىن ساقلىنىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قاتلاممۇقاتلام بۇيرۇقنامىگە ئىمزا قويدى، ۋەدىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، ھېچقانداق چېكىنىش يولى ۋە ئېلاستىكلىق يوق، قانچە كەينىگە بارغانسېرى بۇ كىرىچنى شۇنچە چىڭىتىش كېرەك، توختاپ قېلىشقا، سەل چاغلاشقا، بوشىشىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۈشكۈل ۋەزىپە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، بۇ بىر ئەڭ چوڭ كەمتۈكلۈك، شۇنداقلا بىر بەلگە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچ. ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى! جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى تارىخىي خاراكتېرلىك ئاخىرلاشتۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى! بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى قەتئىي يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، تارىخقا، خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغەزى تاپشۇرايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كوممۇنىست ئەزاسى لياڭ فېڭ قابا ناھىيەسىدىكى بىر يەككە تىجارەتچى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش، قېيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، لياڭ فېڭ شۇ ھامان 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. «ئەينى يىللىرى ئىگىلىك تىكلىگەن چاغلىرىمدا، نۇرغۇن كىشى ماڭا ياردەم قولىنى سۇنغانىدى، ھازىر مېنىڭ بىر قىسىم قېيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە ياردەم بېرەلىشكە قۇربىم يېتىدۇ، شۇڭا تېخىمۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشۇم كېرەك» دېدى لياڭ فېڭ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۇل ئىئانە قىلىش چاقىرىقىنى چىقارغاندىن كېيىن، يوپۇرغا ناھىيەسى يەكشەنبە بازار بازىرى چاقىلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاتىگۈل ئەيسا بىرىنچى ۋاقىتتا پارتىيە تەشكىلاتىغا 1500 يۈەن ئىئانە قىلدى. بۇلتۇر 8 - ئايدا، ئاتىگۈل شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە نامرات ئائىلە قالپىقىنى تاشلاپ، بېيىش يولىغا ماڭدىم، ھازىر مەنمۇ بىر كىشىلىك كۈچ قوشۇپ، پۇل ئىئانە قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ئىپادىلەيمەن».

پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە پۇل ئىئانە قىلىپ، كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالىيجاناب مەنزىلى ۋە يۈكسەك مېھىر - مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باشلامچىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلغانلىق خەۋىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرى ليۇ كېچىن تەشەببۇسكار بولۇپ پارتىيە تەشكىلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ياشىنىپ قالدىم، بىرىنچى سەپكە بارالمايمەن، لېكىن مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى بىرىنچى سەپكە يەتكۈزۈپ، بالىلارنىڭ غەلىبىلىك جەڭ قىلىشىنى قوللايمەن».

بىر ياچېيكا بىر قورغان، بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق، بىر قېتىملىق پۇل ئىئانە قىلىش بىر خىل مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش... كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈرۈشتى: بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجىياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)